# مۇسلىمە ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

ئا. مولجەرلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿ مكانة المرأة في الإسلام ﴾

« باللغة الأويغورية »

ع. مولجرلي

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

# مۇسلىمە ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «سالىھە ئايال دۇنيادىكى بارلىق نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلىدۇر» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئىسلام دىنى ئاياللار مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن بولۇپ، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇسلىمە ئاياللار بىلەن ئۇيغۇر قىز-خانىملىرىنىڭ ھەقىقەتنى ياقىلاش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىدىكى ئوخشاشلىق، ئۇيغۇر مۇسلىمە ئاياللارنىڭ دىن ۋە مىللەتنى قوغداش يولىدا ھەرۋاقىت بەدەل تۆلەشكە تەييار ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

1 ـ ئاياللار ئۇلۇغ:

بارچە كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان قۇدرەتلىك ئاللاھ، ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جۈپتى ھاۋۋانى ئادەم ئاتىنىڭ چەپ قوۋۇرغىسىدىن ياراتتى ۋە ئۇنى ئادەم ئاتىغا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشقا بۇيرىدى.

ئاللاھنىڭ بۇخىل ئورۇنلاشتۇرۇش قانۇنىيىتى نەتىجىسىدە، ئاتىمىز ئادەم بىلەن ئانىمىز ھەۋۋا بىر-بىرلىرىگە جەننەت ۋە زېمىندا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بۇلۇپ، نەتىجىدە زېمىننىڭ مىراسخورلىرى بولىدىغان بىز ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشىدىكى ئاساسلىق مەنبە، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسىغا

ئايلىنىش شەرىپىگە نائىل بولۇشى ئاياللارنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

*ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلىقى شۇكى؛ بارچە مۇسۇلمانلار ئۇلۇغلايدىغان ۋە قىممەتلىك ئابى-هايات دەپ بىلىدىغان بەرىكەتلىك زەمزەم قۇدۇقىنىڭ، بىر ئايال سەۋەبلىك بارلىققا كېلىشى ۋە قىيامەتكىچە ئىنسانلارنىڭ ئەبەدىي قەدىرلەيدىغان مۆجىزىلىك بۇلىقىغا ئايلىنىشى.

*ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلىقى شۇكى؛ ئاللاھنىڭ ئەڭ بۈيۈك مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئاتىسىز يارىتىلغان پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى(بۇ يەردە مەريەم ئانىمىز كۆزدە تۇتىلىدۇ-م) بولۇشتەك بۈيۈك مەرتىۋىگە سازاۋەر بولىشى ۋە بۇ مۆجىزىدىن كېيىنكى ئېغىر تۆهمەت-هاقارەتلەرگە چىرايلىقچە سەبرى قىلىپ، ئېغىر سىناقلاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈش ئارقىلىق قىيامەتكە قەدەر ئىنسانلار تەرىپىدىن مەدھىيەلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ هۆرمەتلىك ئانىسىغا ئايلىنىشى.

*ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلىقى شۇكى؛ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەهىيىسى باشلانغان بىرىنچى كۈنىدە، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەۋۋەل ئىمان كەلتۈرگەن شەخس، رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ۋە بارچە

مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمەتلىك ئانىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولۇشتەك ئىسلام تارىخىدا بىرىنچىلىك ئورۇننى ئىگەللىشى.

*ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلىقى شۇكى؛ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئېلىپ كەلگەن مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ بارچە ئەھكاملىرىنى، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىز مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈشتە، ئاساسلىق ۋاستىچى بولغان كىشى يەنىلا بارچە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇشتەك شەرەپلىك مەرتىۋىگە مۇيەسسەر بولغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادەك پىقھىشۇناس ئالىمەنىڭ ئاياللاردىن بولىشى.

* ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلىقى شۇكى؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى باشلىغان دەۋرىدە، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا قىلغان ئېغىر ئەزىيەتلىرى، (يەنى ئەقبە ئىبنى مۇئەيت باشچىلىقىدىكى بىر ئۇچۇم مەككە مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھ سەجدىدىكى ۋاقىتتا ئۇستىگە تۆگىنىڭ ئۇچەي-قېرىنلىرىنى تاشلاشتەك) شۇ ئېغىر ئاھانەتلىك ۋاقىتلاردا كىچىكلىكىگە قارىماي كۇففارلار ئالدىدا جاسارەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھقا ياردەم بېرىشتە يەنىلا بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا سەكرەپ چىققىنى ئۇنىڭ سۆيۈملۈك قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۈيۈك ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، بارچە مۇسۇلمانلارغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان دەۋرگە كەلگەندىمۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ غۇربەت ئىچىدە ئۆتىشىگە قارىماستىن، ئۆزلىرى ئاچ

قالسىمۇ قولىدىكىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشتەك ئالىيجانابلىق بىلەن سۈپەتلەنگۈچى ۋە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىشتىن بۇرۇنلا جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن شەخسمۇ دەل مۇسلىمىلەرنىڭ ئۆلگىلىك ئانىسى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنهادۇر.

*ئايالالارنىڭ ئۇلۇغلىقى شۇكى؛ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ئېلىپ كەلگەن بۇ مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى قوغداش يولىدا، تۈرلۈك زۇلۇم-ئىسكەنجىلەرگە قارشى ئۆز هاياتىدىن ئايرىلىشقا تەييار تۇرۇپ، ئىسلام ئېتىقادىدىن ئەسلا ۋاز كەچمەسلىكتەك ھەقىقەتتە مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئىمانىنى ساقلاش يولىدا جان بەرگەن ئىسلامدىكى تۇنجى شەھىدە ۋەئىسلام ئاياللىرىغا ئىماندا قانداق مۇستەھكەم تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن ئانىمىز سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنهادۇر.

*ئايالالارنىڭ ئۇلۇغلىقى شۇكى؛ مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە دىن دۇشمەنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە، بىر تۈركۈم ئايالالارنىڭمۇ جىهادقا بىرلىكتە چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا رەسۇلۇللاھنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز ۋە چارە كۆرۈپ ھىمايە قىلىشلىرى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان ئۇنلىغان-يۈزلىگەن ئانىلار، ئۆزلىرىنىڭ ياش-نەۋقىران ئوغۇللىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئېتىرازىغا قارىماي جىهادقا يوللىشى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ شېهىت بولغانلىق

خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان ئاللاھقا شۈكرانە سەجدىلەرنى قىلىپ، مەن ئوغلۇمنى ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن بېقىپ يېتىشتۈرگەنمەن، مەن ئوغلۇمغا بەرگەن ئاق سۈتۈمگە مانا ئەمدى رازى بولدۇم دېيىشلىرى ئارقىلىق، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائەتلىك دۇئالىرىغا مۇشەررەپ بولۇشلىرى.

*ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلىقى شۇكى؛ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ بىرىنچىسىمۇ ئايال، ئىسلام دىنىنى قوغداش يولىدا ئەۋۋەل جان بەرگەنلەرنىڭ بىرىنچىسىمۇ ئايال بولىشى نەتىجىسىدە، مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان كەرىمدىكى بىر سۈرىنىڭ ئىسمى «سۈرە نىسا» (ئاياللار سۈرىسى) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، ئاياللار بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرسىدىكى بۈيۈك ئىلاھى باغلانتىنىنىڭ قىيامەتكە قەدەر باقى قېلىشى.

ئەنە شۇ بۈيۈك مەرتىۋىلەرنىڭ جەۋھىرى بولغان بىشارەت-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ۋەسىيەتلىرىدىكى «..جەننەت ئاناڭنىڭ ئايىغى ئاستىدا..» [نەسائىي رىۋايىتى 3104-ھەدىسنىڭ بىر قىسمى] دېگەن ئۇلۇغ شەرەپكە نائىل بۇلىشى.

يۇقىرىقى شەرەپ ۋە مەرتىۋىلەرنىڭ پەقەت ئاياللارغىلا نېسىپ بولغانلىقى، ئىسلام ئاياللىرىنىڭ نەقەدەر ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

2 ـ ئايالـلار دىنـنـىـڭ يېـرىـمى:

سۆيۈمـلۈك پەيغەمـبـەرىـمـىز مۇھـەمـمـەد ئەلـەيھـىـسسالام: «كـىـمـكى بـىـر سالـىھـە ئايال بـىـلـەن ئۆيلـەنـسە ئۇ كـىـشى دىـنـىـنـىـڭ يېـرىـمـىـنى تولدۇرغان بولـىـدۇ. قالغان يېـرىـمـىـدا ئاللاھـتـىـن قورقسۇن» دېگەن. [هاكـىـم ۋە زەھـەبى رىۋايـىـتى].

*ئايالـلار دىـنـىـنـىـڭ يېـرىـمى دېگـىـنـىـمـىـز شۇكى؛ ئايالى بار ئەر بـىـلـەن، بويتاق ئەرنـىـڭ كۈندىلـىـك تۇرمۇش هاياتى هـەرگـىـز ئوخشاش بولـمايدۇ، ئايالـسىـز ئەر هـەرقانچە تەقۋا بولـسىـمۇ، يەنـىـلا بەزى كۆز سەهۋەنلـىـكلـىـرىدىـن خالى بولالـماسلـىـقى مۇمـكـىـن. ئەمـما تەقۋادار، ئـىـپپـەتلـىـك بـىـر ئايالى بار ئەرگـە بەزى خاتالـىـقلاردىـن ئۆزىـنى تارتـىـشقا ئايالـىـنـىـڭ چوڭ ياردىـمى بولـىـدۇ. ئەنە شۇ تـەرەپلـەرنى نەزەردە تۇتقاندىـمۇ ئايالـلار دىـنـىـنـىـڭ يېـرىـمى بۇلۇپ هېـسابلـىـنـىـدۇ.

3 ـ ئايالـلار ئائـىـلـىـنـىـڭ باهارى:

پاك دىيانەتلـىـك ئايال نـىـكاهلانغاندىـن كـىـيـىـن ئۈستـىـگە يۈكلـەنگەن ئائـىـلـە مەسئۇلـىـيـىـتـىـنى تونۇيدۇ. يولدىشى ۋە پەرزەنتلـىـرىـنـىـڭ خوشاللـىـقى ئۈچۈن هاياتـىـنى بېغـىـشلايدۇ. قانائەتچانلـىـق بـىـلـەن ئازادە ـ رەتلـىـك تۇرمۇش مۇهـىـتى يارىـتـىـش ئارقـىـلـىـق، ئائـىـلـىـسـىـگە بەخـت ـ سائادەت ئاتا قـىـلـىـدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلـەيھـىـسسالامدىـن پەزىلـەتلـىـك ئايالـلار توغرىـسـىـدا سورالغـىـنـىـدا: « ئېـرىـگە ئـىـتائەتمەن، قارىـسا قەلـبـىـگە راهەت بېغـىـشلايدىغان (يەنى ئـىـرى ئۈچۈن پەردازلـىـنـىـدىغان ۋە چـىـرايلـىـق كـىـيـىـنـىـدىغان)، ئـىـرى يوق

ۋاقىتلاردا يولدىشىنىڭ ھەققى ۋە پۇل-مېلىغا خىيانەت قىلمايدىغان ئامانەتدار ئايالىلار» دەپ جاۋاب بەرگەن. [ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى].

4-ئايالىلار ئۆيىنىڭ بەرىكىتى:

كىمىكى ئىپپەتلىنىشنى ئۈمىد قىلىپ نىكاھلانسا، ئاللاھ ئۇ ئەر-ئايالنىڭ تۇرمۇشىغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئاللاھ بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى بىلگۈچىدۇر.» [سۈرە نۇر 32-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

پەرۋەردىگارىنىڭ ھەققىنى تونۇغان ئايال ئەلۋەتتە ئىرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ھەققىنى تونۇيدۇ. قانائەتچانلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، يولدىشىنىڭ قۇربىتى يەتمىگەن نەرسىلەرنى تەلەپ قىلماستىن، ئائىلە ئىقتىسادىغا ماس ھالدا تۇرمۇشىنى تەرتىپكە سالىدۇ.

5-ئايالىلار يېرىم دۇنيا:

پەرزەنتلىرىنى ئىمانى ئالىي مىللى روھ ۋەتەن سۆيگۈسى چۈشەنچىسى بىلەن تەربىيىلەش ئارقىلىق، ئىنساندەك ياشاشنى بىلىدىغان، ھەقىقەتپەرۋەر، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدىغان قەھرىمان، جاسارەتلىك ئوغلانلارنى يېتىشتۈرگەن ۋە يېتىشتۈرىۋاتقان تەقۋادار ۋە ئىماندار،

غايىلىك ئاياللار ھەرۋاقىت ۋە ھەرزامان جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۆزلۈكسىز تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. ئۇلارغا ئالالاھنىڭ خۇش بېشارىتى بولسۇن.

*ئايالالار جۇملىسىدىن بولغان بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىز-خانىملىرىمۇ، ئۇلۇغلۇقتا، دىنىنىڭ يېرىمى بولۇشتا، ئائىلىنىڭ گۈزەللىكى بولۇشتا، ئۆينىڭ بەرىكىتى بولۇشتا، ھەتتا دۇنيانىڭ يېرىمى بولۇشتىمۇ باشقا مۇسۇلمان ئايالالاردىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغانلىقى ۋە تۇرىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى يىراق تارىخقا بارماستىن ئۆزىمىزنىڭ يېقىنقى ئىككى-ئۈچ ئەسىرلىك تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر دىندار، نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر بەرىكەتلىك ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

بۈيۈك خاندانلىقىمىز ئاغدۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تاجاۋۇز ۋە زوراۋانلىقلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان خەلق قوزغىلاڭلىرىدا، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ، كۈرەش مەيدانلىرىدا ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە تەۋرەنمەستىن، ھەقىقى ئىسلام ئاياللىرىغا خاس ئەنئەنىۋى جاسارىتى بىلەن، ئۆلسەك شېھىت قالساق غازى دەپ مەردانىلەرچە ئېلىشىپ، قەھرىمانلارچە شېھىت بولغانلىقلىرىدەك تارىخى ئەسلىمىلەرنى 1765-يىلدىكى مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى

ئۆچتۇرپاندا يۈز بەرگەن خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئۆنتۆلماس سىماسى بولغان "يەتتە قىزلار مەقبەرىسى" سىمۋولىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

مەزكۇر ئىنقىلابتىن كېيىنمۇ ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن مىللىتىمىز ئىچىدىن كۆپلىگەن ئىماندار، جەڭگىۋار، قەھرىمان قىز-خانىملار ئونلاپ-يۈزلەپ بارلىققا كەلدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كېلىدۇ. ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ دىنى ۋە مىللى كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش، دىنى ۋە مىللى مەدەنىيەتنى قوغداش يولىدا ئاغزىدىن جان، تومۇرلىرىدىن قان بەرسە-بەردىكى، مۇقەددەس ئىسلامغا بولغان ئىشەنچ-ئېتىقادىنى قەتئى قولدىن بەرمىدى. بۇنىڭ ئەمىلى مىساللىرىنىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بىرى خوتەندە، قاغىلىقتا، يەكەندە، پەيزىۋاتتا، ئاقسۇدا، ئۆچتۇرپاندا، كۇچاردا، شاياردا ۋە ئىلىدا يۈزبەرگەن، چوڭ-كىچىك ئاياللار ھەرىكىتىدىن روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئاياللىرى بۈيۈك ئەقىدە ۋە جەڭگىۋارلىقنى لازىم تۇتقانلىقى نەتىجىسىدە، ئەڭ يېقىن كۈنلەردە يۈزبەرگەن 5-ئىيۇل خەلق قوزغىلىڭى جەريانىدىمۇ، يەنىلا خانىم-قىزلىرىمىز سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى . ئىمانى ۋولقان، ۋىجدانى جاسارەتلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنى پۈتۈن دۇنياغا قايتىدىن تونۇتتى. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ قەدىمدىنلا دۇنيا مەدەنىيىتىگە بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇلۇغ مۇسۇلمان ئاياللار تەبىقىسىدىن ئىكەنلىكىنى ۋە ۋاقتى كەلگەندە ھەقىقەت ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا

تەييار ئىكەنلىكىنى قايتا نامايەندە قىلدى .مىللىتىمىز مانا مۇشۇنداق ھەقىقى ئىماندار، ھاياتىنى ھەقىقەت ئۈچۈن بېغىشلىيالايدىغان، قورقماس ۋە جەڭگىۋار ئانىلارغا مۇھتاج.

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇسۇلمان مىللىتىمىزنىڭ كېلىچەكى ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىدىغانلارمۇ يەنىلا مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان دىندار، ھەقىقەتپەرۋەر، بەرىكەتلىك ئايالىلار تەبىقىسىدىن بولماقتا!. خۇسۇسەن چەتئەلدىكى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنىڭ چەكلىكلىكىگە قارىماي، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىلىمغا ۋە ئىلىم ئوقۇشتىكى ئەسلى غايىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىك تۇيغۇسى كۈنسايىن يۈكسەلمەكتە. ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇقۇش مۇددىئاسى ۋە ئۇقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى مەقسەتلىرىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە!.

ھەر ساھەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قىزلارنىڭ، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا دىن، ۋەتەن-مىللەتكە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتى شۇنداقلا ھەقىقەتكە ئىنتىلىشى ئالاھىدە پەرقلىق بولماقتا. مىسالغا ئالساق: مەلۇم بىر دۆلەتتىكى ئۇيغۇر مۇھاجىر ئاياللىرىنىڭ ئىسلامغا بولغان مۇستەھكەم ئېتىقادى، دىنى تەلىم-تەربىيەگە بولغان قىزىقىشى، ۋەتەن-مىللەتكە بولغان قايغۇرۇش ۋە ئېچىنىشلىرىغا نىسبەتەن، شۇ يەردىكى ئەرلەرنىڭ دىنى

بىلىملەرگە بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋە ئىجابىي كۆز قاراشلىرى، ۋەتەن-مىللەتنىڭ قايغۇسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش قاتارلىق روھى ئويغۇنىشلىرى خىلىلا پەرقلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا دىنى ساھەدە سىستىملىق ياكى سىستىمسىز ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلار، ئۆزلىرىنىڭ دىنى ۋە مىللى مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق تونۇپ، ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمەستىن كېچە-كۈندۈز تىرىشىپ، ئىسلامغا ۋە مىللىتىمىزگە پايدىلىق تۈرلۈك مەزمۇنلاردا، ناھايىتى قىممەتلىك ئىلمى ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى تەييارلاپ، مېدىيا ۋاستىلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئېھتىياجلىرىغا ئازراق بولسىمۇ مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىماقتا . ئۇلارنىڭ شارائىتلىرى يار بەرگەن دەرىجىدە دىننى يەتكۈزۈشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى، بەزى ئەركەك ئوقۇغۇچىلار ياكى دەۋەتچىلەرنىڭ ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇشىغا سېلىشتۇرغاندا، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلىرىمىز ياكى دەۋەتچىلىرىمىز يەنىلا پاسسىپ ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

قاچانكى بىز، ئانىلىرىمىزنىڭ بىزنى ساغلام ئەقىدە ۋە جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىشىدىكى ئالى مەقسەتلىرىنى تولۇق بىلىپ يېتىدىكەنمىز، ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغى، دىنىمىزنىڭ يېرىمى، ئائىلىمىزنىڭ چىرىغى، ئۆيىمىزنىڭ بەرىكىتى بولغان ئانىلىرىمىزنىڭ

ئۆمىدىنى ھەقىقى تۈردە ئاقلاشنى، ئىمانى ۋە ۋىجدانى مەجبۇرىيەت دەپ تونۇيمىز .

بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىشىمىز ئۈچۈن، ئەنە شۇ بۈيۈك پەزىلەتلەرگە ساھىب بولغان ۋە كەلگۈسىدە ساھىپ بولۇش ئالدىدا تۇرىۋاتقان قىز-خانىملىرىمىزنىڭ، ئىنسانلاردۇنياسىدىكى مەرتىۋىسى ۋە ئىسلامدىكى يۈكسەك ئورنىنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك!.

چۈنكى ئۇلار ئانىمىز!

چۈنكى ئۇلار ئايالىمىز!.

چۈنكى ئۇلار ھەمشىرىمىز!.

چۈنكى ئۇلار قىزىمىزدۇر!.

جانابى ئاللاھتىن ئاتا-ئانىلىرىمىزغا چەكسىز ياخشىلىق تىلەيمىز. قىز-خانىملىرىمىزغا ئىمان-ئىپپەت، ھايا، ۋىجدان ۋە غۇرۇر ئاتا قىلىشىنى سورايمىز.